# گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىشنىڭ هۆكمى

[ uyghur - ئۇيغۇرچە- الأويغورية ]

## پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىين

تەرجىمە قىلغۇچى: مىنەۋۋەر بىنتى نېئمەتۇللاھ

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى

نەشىر هوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2012 - 1433

IslamHouse.com

# ﴿حكم استعمال أدوات التجميل﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ محمد صالح بن العثيمين

ترجمة: منورة بنت نعمة الله

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2012 - 1433

IslamHouse.com

# گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

20226-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

قىز-خانىملارنىڭ، ھايۋاناتلار مېيى ياكى ھاراق تەركىبى قوشۇلمىغان گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىشى دۇرۇسمۇ؟.

جاۋاب:

ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.

ئايالنىڭ ئىرى ئۈچۈن شەرىئەت يولغا قويغان دائىرە ئىچىدە گۈزەللىنىشى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇھىم بولغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئايالنىڭ ئىرى ئۈچۈن زىننەتلىنىشى، ئەرنىڭ ئايالغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئىللىقلىق پەيدا بولىشىغا سەۋەب بولىدۇ . بۇ بولسا شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدىن ئىبارەتتۇر . ئەگەر گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىش ئىشلەتكۈچىگە زىيان يەتكۈزمىسە ئىشلەتسە ھېچنىمە بولمايدۇ.

ئەمما مەن گىرىم بويۇملىرىنىڭ يۈز تېرىسىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، يۈز تېرىسىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن قېرىشى ۋە سەتلىشىپ كىتىشى توغرىسىدا مەلۇماتلارنى ئاڭلىدىم. ئاياللارنىڭ بۇ توغرىدا

مۇتەخەسسىس دوختۇرلاردىن سورىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن يۇقىرىقى سۆز تەكىتلەنسە، گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىش هارام ياكى مەكرۇھ بولىدۇ. چۈنكى هەرقانداق نەرسىنى ئىشلىتىش نەتىجىسىدە شەكىلدە بىنورمال ئۆزگۈرۈش ياكى سەتلىشىپ كېتىش كېلىپ چىقسا، مەزكۇر نەرسىنى ئىستىمال قىلىش هارام ياكى مەكرۇھ بولىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر نەرسىنى (يەنى تىرناق لاكىنى) يادلاندۇرۇپ قويۇشنى خالايمەن، بۇ نەرسە بولسا ئاياللار تىرناقلىرىغا ئىشلىتىدىغان گىرىم بويۇملىرىدىن بولۇپ، ناماز ئوقۇيدىغان ئاياللارنىڭ ( يەنى ناماز ئوقۇيدىغان كۈنلەردە ) ئىشلىتىلىشى جايىز ئەمەس. چۈنكى بۇ بويۇم تاهارەت ئالغاندا تىرناققا سۇ يېتىشتىن چەكلەپ قالىدۇ. تاهارەت ئالغۇچى ۋە غۇسلى قىلغۇچىنىڭ يۇيۇشقا بۇيرۇلغان ئەزالىرىغا سۇ يېتىشىنى توسىدىغان هەرقانداق نەرسىنى ئىشلىتىشى جايىز بولمايدۇ. ئاللاهتائالا مۇنداق دەيدۇ : ﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ فَٱغْسِلُوا۟ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى ٱلْمَرَافِقِ وَٱمْسَحُوا۟ بِرُءُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى ٱلْكَعْبَيْنِ ﴾

تەرجىمىسى: « ئى مۆمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھى قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار » [سۈرە مائىدە 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى] . ئايەت.

تىرناق لاكى ئىشلەتكۈچى ئايال، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن پۈت- قولىنى يۇغان تەقدىردىمۇ ئالغان تاھارىتى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنداقلا تاھارەت ياكى غۇسلىنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرزنى تەرك قىلغان بولىدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇمايدىغان ئاياللار ئىشلەتسە ھېچگەپ يوق. (يەنى قىز-خانىملار ھەيىزدارلىق ھالەتلىرىدە كاپىر ئاياللارنى دورىمىغان ئاساستا ئشلەتسە بولىدۇ).

«مۇسلىمە ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋالار » ناملىق ئەسەر 1-توم 474-بەت

توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.